هاجى ئەخمەت كۆلتېگىن

# مىڭ بىر رۇبائىي

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشرىياتى

هاجى ئەخمەت كۆلتېگىن

# مىڭ بىر رۇبائىي

西学院图书馆
藏书专用章

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：米尔扎依提·阿布里米提　西帕雅
责任编辑：吐尔逊·玉苏甫
　　　　　热依沙·吐尔逊
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：热娜·艾买提江

# 一千零一首柔巴依（维吾尔文）

阿吉·艾合买提　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　7.125印张
2014年3月第1版　2014年3月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1248-5（民文）定价：25.00元



ئاپتورنىڭ ئاتا - ئانىسى



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە





ئاپتور ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلار بىلەن بىللە








ئاپتور ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىللە

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# گىگانت ئەدىبنىڭ يېڭى سوۋغىسى

قەدىرلىك ئۇستاز، داڭلىق ئەدىب، ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ يېڭى كىتابى — «مىڭ بىر رۇبائىي» توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەدەبىياتقا بارلىقىنى بېغىشلىغان، ئەدەبىياتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سۆيىدە ئاققان، ھايات خۇشاللىقىنى ئەدەبىياتتىن تاپقان، مەنىۋى ھۇزۇرنى كىتاب ۋە ئىجادىي ئەمگەكلەردىن ئالغان، ئۆمۈر بويى يىغىپ ساقلىغان نەچچە مىڭ پارچە كىتابىنى ۋە ئىجادىي ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان نەچچە ئون پارچە ئەسىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلاپ، ئۇلاردىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كېلىۋاتقان، ھاياتنى كۈرەش دەپ بىلىپ، ئادەملەرنى ئۇلۇغلاپ، تەبىئەتنى كۈيلەپ، ئىزگۈلۈكنى تىلەپ كېلىۋاتقان بۇ گىگانت ئەدەبىياتچىغا بولغان ھۆرمىتىم، قايىللىقىم، ئىپتىخارلىقىم تېخىمۇ كۈچەيدى.ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئۇ باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى - توقاي ھايات مۇساپىسى ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرالمىدى، ئۇ ھاياتقا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە شېئىرغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1942 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1960 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، 1980 - يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئىشقا كىرىشكەن بۇ ئۇلۇغ ئەدىب، 1994 - يىلى پېنسىيەگە چىققاندا بولسۇن، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىجادىيەت مەستخۇشلۇقىدا يا-

شىدى، مانا ھازىرمۇ تىترەپ تۇرغان قولىدىكى قەلەمنى خىرىسقا قورال قىلىپ، تەۋرەنمەس ئەقىدە بىلەن گۈزەل ئارمانلىرىنى مەدھىيەلەپ ھايات مۇساپىسىدىن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئەدەبىياتنىڭ بۇ گىگانتىغا قايىل بولماي، ئېھتىرام بىلدۇرمەي، يېڭىدىن يېڭى ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن سۆيۈنمەي تۇرالايمىز؟!

«مىڭ بىر رۇبائىي» — ئەدىبنىڭ 20 نەچچىنچى كىتابى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان كۆپ ژانىرلىق ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن ھازىرغىچە «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، «شەپەق جۇلاسى»، «رۇبائىيلار»، «زۇمرەت ئېقىن»، «ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «نۇرلۇق چولپان»، «بوز تورغاي»، «قىيان»، «ياۋا چېچەك»، «ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى — ئەھمەد زىيائىي»، «گۈلجامال»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، «ھايات سەھىپىلىرى»، «سەرسان خىياللار» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە «ئالىم - ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر»، «سامان يولى»، «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، «سېھىرلىك ئالتۇن»، «بۇلبۇل ناۋاسى»، «قەشقەر ناۋاسى»، «نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى»، «چىن تۆمۈر باتۇر» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزدى ۋە نەشرگە تەييارلىدى. مەن قاچانلا ئۆيىگە بارسام، ئۇنى كىتابلار، قولىيازمىلار ئارىسىدا كۆرىمەن، ئۇ ئەڭ قىزىقىدىغان تېما — ئەدەبىيات ۋە كىتاب. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن مەندىن سورايدىغىنى يېقىندىن بۇيان قانداق كىتابلارنىڭ چىققانلىقى، كىملەرنىڭ قايسى ئەسەرلىرىنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقى، مېنىڭ نېمە كىتابلارنى ئوقۇپ، قانداق ماقالىلەرنى يازغانلىقىم بولىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيان قانداق كىتابلارنى كۆرۈپ،

قانداق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى، قايسى مەتبۇئاتقا ئەۋەتكەنلىكىنى، قايسىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغان، قىلىنمىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىرەر ياخشى كىتابى چىقسا، ياخشى ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىنمۇ بەك خۇش بولىدۇ. ئىجادىيەت ئۇنىڭ ھاياتلىقىنىڭ بەلگىسى، كىتاب ئۇنىڭ بارلىقى. ھەقىقىي ئىجادىي ۋە ئىلمىي ئەمگەك كىتاب ـ ئەسەرلەر مانا مۇشۇنداق كۆڭۈل قويغان، ئۆزىنى بېغىشلىغان، تەپەككۇر ـ تەسەۋۋۇردىن ئايرىلمىغان ئادەملەردىن چىقىدۇ.

«مىڭ بىر رۇبائىي» ـــ ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ ئۇزۇن يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان شېئىرىي شەكىل ـــ رۇبائىي ھەققىدە ئېلىپ بارغان توختاۋسىز ئىزدىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان سەمەرىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. رۇبائىي شائىردىن دانىشمەنلەرچە پىكىر چوڭقۇرلۇقى بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىر ـ ئىدىيەلەرنى ياكى ئادىمىيلىككە دەۋەت قىلىدىغان ئەخلاقىي دىداكتىك ئۈگۈت ـ نەسىھەتلەرنى ئۆلچەملىك شەكىل، يارقىن بەدىئىي ئوبراز، گۈزەل مۇھىت، پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىنى ھاياتلىق ۋە ئادىمىيلىك ھەققىدە يېڭىچە پىكىرگە ئۈندەپ قىلىدىغان ياكى مەلۇم ئويلىنىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان شېئىرىي ئەسەر، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىدىكى ئاساسلىق شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆپلەپ ئىجاد قىلىنغان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلغانىدى. ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى رۇبائىي ئەنئەنىسىدىن ئۈلگە ـ ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىجادىي يېڭىلاپ دەۋرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان رۇبائىيچىلىق ساھەسىنى ياراتتى. ھاجى ئەھمەد

كۆلتېگىن بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى رۇبائىي ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەندۈرگەن شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، قولىمىزدىكى مانا بۇ رۇبائىيات ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

دېمەك، «مىڭ بىر رۇبائىي»غا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا ئۇنىڭدىكى تىل پاساھىتىدىن، ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ شۇقەدەر گۈزەللىكىدىن، ئىپادىلەشتىكى شۇقەدەر ئۆتكۈرلۈكىدىن، ئوقۇغۇچىغا ئاتا قىلىدىغان ئىلھام بەخش تۇيغۇلىرىدىن، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئىجادىيەتكە بولغان ئاجايىپ سۆيگۈ، تەشنالىقىدىن، ئول زامانىدىكى رۇبائىي پېشۋاسى ئۆمەر ھەييامدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن قىممەت ئۆگۈتلىرىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزگە ئەبەدىيلىك گۈلگە، خەلق قەلبىگە چېكىلگەن نۇرلۇق نەقىش بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇلالايدۇ.

«مىڭ بىر رۇبائىي» توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى، سۆزسىزكى شائىرغا يېڭى ئىلھام، يېڭى مەنزىللەرنى بەخش ئەتكۈسى. بىز شائىرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

كېرىمجان ئابدۇرېھىم
2012 ـ يىلى ئىيۇل، قەشقەر

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一首柔巴依：维吾尔文/阿吉·艾合买提著．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.4
ISBN 978-7-5466-1248-5

Ⅰ.①一… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①诗集 — 中国 —当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 063660 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: مىرزاھىت ئابلىمىت شىپايار
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن يۇسۇپ
رەئىسە تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: رەنا ئەمەتجان

**مىڭ بىر رۇبائىي**

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7.125
2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1248 - 5
باھاسى: 25.00 يۈەن

1

نەئەجەب كۆيسەم سەمەندەردەك ئىشق گۈلخانىدا،
نە ئەجەب تاھىر كەبى ئاقسام ئىشق توپانىدا.
ئەزگۈلۈككە ياغدۇرۇپ ئالقىش، قاباھەتكە غەزەپ،
نە ئەجەب مىڭ پارە بولسام شۇ غەزەپ ۋولقانىدا،

2

ئايلىنىپ يۇرسەم جامالىڭ نۇرىدا پەرۋانىغا،
ئەيلىدىڭ سېھرىڭدە بەند جىسمىمنى ئىشق زىندانىغا.
كۆرسىتەر مەشۇق مۇلايىملىق ـ كۆيۈمدە پەزىلىنى،
يوقمۇ رەھمىڭ، گۈلئۇزارىم، سۆيگۈنىڭ قۇربانىغا.

3

زاتى سۇمۇرغ سۇرئىتى بولغايمۇ زاغ پەرۋازىدا،
سايرىسا بۇلبۇلچە لەززەت يوق ئۈنىڭ ئاۋازىدا.
قىلسا ئورمان ئەھلىگە مايمۇننى قىسمەت پادىشاھ،
ھېچقاچان شىرچە سالاپەت بولمىغاي ئەلپازىدا.

4

دوست بولايلى كەل نىگار، دوستلۇقتا ئۆتسۇن ئۆمرىمىز،
ئىككىمىز بىر جان بولۇپ خۇشلۇقتا ئۆتسۇن ئۆمرىمىز.
بۇ جاھاننىڭ كارى رەنجىش، قايغۇرۇشقا ئەرزىمەس،
غەمنى ئۇنتۇپ، مەڭگۈگە خۇشلۇقتا ئۆتسۇن ئۆمرىمىز.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

5
ئەيىبىڭنى ئۆزگىگە ئاچماس ھەقىقىي دوست دېگەن،
باشقا كۈن چۈشكەندىمۇ قاچماس ھەقىقىي دوست دېگەن.
جېنىنى ساتقاي كېپەككە ھىممىتى دوستلۇق ئۈچۈن،
ئەمما زەرگە دوستىنى ساتماس ھەقىقىي دوست دېگەن.

6
بىر يوچۇق ئىزدەپ نادان ساق تېنىدىن تۆشلۈك ئاچار،
ئاقىۋەتنى ئويلىماي جان مۈلكىنى سورۇپ ـ چاچار.
قىلمىشى بىرلە ئازابلار ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى،
بىر پالاكەت يەتمىسە دەپ مۇردىمۇ ئۈندىن قاچار.

7
بىر كىچىك، ئاجىز چۈمۈلە داننى يەر تالقان ياساپ،
تامنى باغلار چىڭگىلىك ئۆز غولىدىن ئارقان ياساپ.
چاغلىما ئاجىز رەقىبىڭنى ئۆزۈڭدىن، ئى نادان،
جاننى ئالغاي زەھرىدىن ئوق، ھېلىدىن قالقان ياساپ.

8
بىۋاپا دىلدارلار دىلداش بولالمايدۇ ساڭا،
ئۆلپىتىڭ بولسا نادان سىرداش بولالمايدۇ ساڭا.
ئاختۇرۇپ ئۆز تەڭدىشىڭنى تاپمىساڭ ئى جان ئەگەر،
يولدا كۆرگەن ھەر كىشى يولداش بولالمايدۇ ساڭا.

9
مەنزىلى قىسقا ئۆمۈرنىڭ، دەم غەنىيمەت، ئەي ئەقىل،
تەقدىرىڭنى بەلگىلەر بەزەن دەقىق پەيت، ئەي ئەقىل.
كەتسە قولدىن قەدرى ئالتۇن ياخشى پۇرسەت، ئەي ئەقىل،
يەپ پۇشايمان، مەڭگۈلۈك قىينار سېنى دەرد ئەي ئەقىل.

10

تەۋرىتەرسەن تاغنىمۇ تاپساڭ تۈگۈننى، ئەي ئەقىل،
توختىتارسەن چارە قىلساڭ كۆكتە كۈننى ئەي ئەقىل.
ئۇچلا مەھكەم بارچە ئىشنىڭ چارىسى تەدبىرىنى،
ئۇل سالارسەن ئەتىگە تۇتساڭ بۈگۈننى، ئەي ئەقىل.

11

قالدى ھەيرەتتە خالايىق بىر پەرىۋەشنى كۆرۈپ،
چېھرىنىڭ نۇرى جۇلالىق، تەپتى ئاتەشنى كۆرۈپ.
بىرسى كۆكتە، بىرسى يەردە بەسلىشەر ئىككى قۇياش،
«توۋا!» دەپ تۇتتى ياقا ئەل ئىككى كۈندەشنى كۆرۈپ.

12

پەند ئېتەي، ئى جان ساڭا ھېچ نەرسىدىن غەم قىلما دەپ،
بەك تېرەن ئويلاپ ئۆزۈڭنى قايغۇغا يەم قىلما دەپ.
زەر تەمەسىنى ئېتىپ تەرك، ئىلتىجا قىل تەڭرىگە،
سۆيگۈ ھەم ئەركتە ئىگەمنىڭ رىسقىنى كەم قىلما دەپ.

13

پارقىراپ تۇرغان جىسىمنىڭ ھەممىسىلا زەر ئەمەس،
خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنىڭ بارچىسى ئەمبەر ئەمەس.
بەزى يول كۆرسەتكۈچىلەر ئادىمىي شەيتان ئىرۇر،
ئاقساقاللىق بولسىلا ئۇ خىزرى پەيغەمبەر ئەمەس.

14

قارا قاتتەك قاپقارادۇر ئەي قەلەمقاش كۆزلىرىڭ،
ئوينىتىپ جاننى ئالادۇر خۇلقى بەڭباش كۆزلىرىڭ.

كۈن ئوچۇق تۇرغاندىمۇ يامغۇر يېغىپ قالغان كەبى،
بىرلا چاغدا ھەم كۈلۈپ ھەمدە تۆكەر ياش كۆزلىرىڭ.

15

مەن ئاداشتىم ئەمدى ئەستىن، چۈنكى يارىم كەلمىدى،
ئۇچتى جان كۆكرەك قەپەستىن، كۈچ ـ مادارىم كەلمىدى.
«ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق»،
ئاقىۋەت قالدىم نەپەستىن، ھازىدارىم كەلمىدى.

16

مەن خىيال ئەتتىم نىگارنى كۆكتىكى ئاي ئورنىدا،
ئۈنچە ـ مارجان بولدى يۇلتۇزلار جۇلالاپ بوينىدا.
ھەسرىتا!... قوزغالدى رەشكىم، چاقتى قەھرىم چاقمىقى،
كۆرگىنىمدە ئايسەنەمنى سۇر بۇلۇتنىڭ قوينىدا.

17

ئىجتىھات قىلغىن ئى جان، پۇرسەت قولۇڭدىن كەتمىسۇن،
ياشلىقىڭ ھىممەت كۈچىدىن سېنى مەھرۇم ئەتمىسۇن.
بارىدا ئىمكان ئۆزۈڭنى ئەت پۇشايماندىن خالاس،
ئارزۇيۇڭ ئاچماي چېچەك، پەسلى خازانىڭ يەتمىسۇن.

18

خۇلقى شوخ يار ئىختىيارىمغا ئۆزى سۇلتان بولۇپ،
ئۇردى تىغ كۆكسۈمگە، قالدىم مەن بىھوش نىمجان بولۇپ.
ئۆرلىسە مەيىنىڭ خۇمارى قانخۇمارىدىن كېيىن،
جان قوشار تەنگە ئۆزى ئەيلەپ شىپا لوقمان بولۇپ.

19
سۆيگۈ نۇرى جىلۋە ئەيلەر كۆز قاراقىدىن ئۆتۈپ،
جانغا مەجنۇنلۇق يىپىشقاي ئىشتىياقىدىن ئۆتۈپ.
ئارزۇ ـ ئارمان ۋەسلىگە يەتمەك قىيىن ئىشق بابىدا،
تاپقۇسى جاننى ئاشق جان سىناقىدىن ئۆتۈپ.

20
يىلدا بىر رەت كۈيلىسە كىت تارقىتىپ مۇڭلۇق ناۋا،
كەينىدىن توپ ـ توپ بىلىقلار ئەگىشىپ سالغاي ساما.
كۆركىراپ تىنماي پاقا ئالەمنى باشقا كىيسىمۇ،
ناخشىسى لەززەت بىرىپ، ئەتمەس كۆڭۈلنى مەھلىيا.

21
باقسا كىم ئىنكار كۆزىدە تويمۇ بىر ماتەم ئاڭا،
خۇددى بىر ئاجىز چۈمۈلە كۆرۈنەر ھاتەم ئاڭا.
زەپ خۇنۇك ئالۋاستىغا ئوخشار جاھان رەنالىرى،
ئەسكى بىر ئۆتەڭ نەزەردە بۇ گۈزەل ئالەم ماڭا.

22
كۆرمىڭ ئالتۇن نەيزىدە زۇلمەتكە قارشى جەڭ ئىچىپ،
چىقتى كۆك شاھى قۇياش كەڭ كائىناتتا قان چىچىپ.
ھەممە جانلىقلار مىسالى سەلتەنەت قۇربانلىقى،
كىلمەن جەڭگاھتا گويا قىپقىزىل قاننى كىچىپ.

23
دەيدۇ ئەل: «مەرگەن ئاتالماس ئوقنى كۆپ ئاتماق بىلەن،»
كۈيچى بولماس كۆپ ئىچىدە خورغا ئۇن قاتماق بىلەن.

ھەر كىشىنىڭ چىن ماھارەت ھەم تالانتى ئۆلچىنەر،
ئىجتىھات ئەيلەپ ئىجادتىن يېڭى ئىز ئاچماق بىلەن.

24
ئەي ئەقىل، ئۆمرۈڭدە زىنھار كۆرمىگىن يات ياخشىنى،
ھەم بولۇپ دەردىگە دەرمان، ئەيلىگىن شاد ياخشىنى.
ياخشىلار جەۋھەر ئىرۇر مۇلكى جاھاندا شۈبھىسىز،
سەن ئۆزۈڭگە يار ـ دوست تۇتقىن ئۆمۈرۋايەت ياخشىنى.

25
بۇ قاراملىق ئالەمدە ئۇچرىماس سەندەك قارام،
باشقا سالغان كۆلپەتىڭدىن كۆز يېشىم بولدى تارام.
«خوش!» دېمەي كەتتىڭ، يۈرەكنى پارە ئەتتىڭ، ئەي پەرى،
زەخمى ھىجرانغا چىدالماي قانسىرايدۇ دىل يارام.

26
قارلىغاچتەك چارلىدى كۆڭلۈمنى پەرۋازى بىلەن،
سېھرى بەند ئەتتى جېنىمنى خۇشناۋا سازى بىلەن.
جان قوشار دەپ ئويلىسام خەستە جېنىمغا سۆيگۈدىن،
ئالدى جاننى خۇلقى شوخ يار جىلۋىسى ـ نازى بىلەن.

27
ساق يېتەي دەپ ئويلىساڭ ئى جان، ئەگەرساھىلغا سەن،
رولىنى تۇتقۇز كېمەڭنى ئاقىلۇقابىلغا سەن.
زىكرى ئەيلە يەرلىكىم تەكتى دېڭىز بولغايمۇ دەپ،
ئەگىشىپ ماڭساڭ ناۋادا بىئەقىل ـ جاھىلغاسەن.

28

جان ئاتا قىلدى جاھانغا كۈيچى بۇلبۇل خەندىسى،
جور بولۇپ چەكتى كۆڭۈل تارىنى ئىشق سازەندىسى.
بەزمى ئىشرەتتە بۇ جان، روھىم جۇنۇن دەشتىن كېزەر،
ئۈستىدە دىۋانە مەشرەپ يەڭلىغ ئاشىق جەندىسى.

29

ئۈز جاۋاھىر ئىزدىسەڭ ھېكمەت ـ ئەقىل دەرياسىدا،
سىرى ئالەمنىڭ ئايان بولغاي كۆڭۈل سەيناسىدا.
كائىناتقا سال ئى جان، ئاشىق كۆزى بىرلە نەزەر،
كۆپ ئىرۇر ھېكمەت گۈزەللىكنىڭ گۈلى رەناسىدا.

30

دىلغا زوق لەززەت تارالدى گۈل ـ چېچەكلەر ئەتىردىن،
بولدى مەستخۇش تەندە جان سۆيگۈ گۈلابى قەتىردىن.
بىرمۇبىر ۋاراقلىدىم خىلۋەتتە ئىشق داستانىنى،
ماگمىدەك قايناق سېزىمغا تولدى جان ھەرسەتىردىن.

31

دىلرەبا، تاھىر بولۇپ ئاقتىم سېغىنچىڭ ئەۋجىدە،
گاھ چۆكۈپ، گاھىدا لەيلەپ قەھرى دولقۇن مەۋجىدە.
زەخمىدىن جىسمىم تېپىرلاپ، قانسىرايدۇ يۈرىكىم،
قۇش كەبى ئۆلجىغا چۈشكەن ئوۋچى بۈركۈت پەنجىدە.

32

كۆرمىدىم ئالەمدە سەندەك ھۆرى خۇش تەلەتنى مەن،
نەقىش ئەتتىم قەلب تۆرىگە بۇ ئېسىل سەنئەتنى مەن.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com